# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى

(بېشى 17 - بەتتە)

**14 - جەدۋەل مۇھىم ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش - ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى**

| | |
|---|---|
| 01 | **چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى ئېكولوگىيە توسۇقى رايونى** ئۈچ دەريا مەنبەسى، چىلىيەنشەن تېغى، زورگې، گەننەن خۇاڭخې دەرياسى مۇھىم سۇ مەنبەسىنى تولۇقلاش رايونى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىپتىدائىي بەلباغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، ئەتىۋارلىق تۈرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماكانىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، قۇملاشقان يەرنى تۈزەش كۆلىمىنى 1 مىليون گېكتار، چېكىنگەن ئوتلاقنى تۈزەش كۆلىمىنى 3 مىليون 200 مىڭ گېكتار، قۇملاشقان يەرنى دائىرىلەپ قوغداش كۆلىمىنى 200 مىڭ گېكتار كۆپەيتىش كېرەك. |
| 02 | **خۇاڭخې دەرياسى نۇقتىلىق ئېكولوگىيەلىك رايونى(سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك ئېكولوگىيە توسۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)** سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك، چىنلىڭ تېغى، خېلەنشەن تېغى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئۈچ چەلشەكەن» ئوتلاقنى تۈزەش ۋە سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك تۈزەشنى كۈچەيتىپ، خۇاڭخې دېلتىسى قاتارلىق سۇلۇق يەرلەرنى قوغداپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 800 مىڭ گېكتار ئورمان، ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكنى قوغداپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تۈزەش كۆلىمىنى 2 مىليون گېكتار، قۇملاشقان تۇپراقنى تۈزەش كۆلىمىنى 800 مىڭ گېكتار كۆپەيتىش لازىم. |
| 03 | **چاڭجياڭ دەرياسىدىكى نۇقتىلىق ئېكولوگىيە رايونى(سىچۇەن - يۈننەن ئېكولوگىيە توسۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)** خېڭدۇەنشەن رايونى، تاشلاشقان كارستلىق رايون، سەنشيا سۇ ئامبىرى رايونى، دۇڭتىڭخۇ كۆلى، پوياڭخۇ كۆلى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئورمان سۈپىتىنى دەل جايىدا ئۆستۈرۈش، دەريا، كۆل، سۇلۇق يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تاشلىشىشنى ئۈنۈملۈك تۈزەش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، 1 مىليون 100 مىڭ گېكتار ئورمان بەرپا قىلىپ، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تۈزەش كۆلىمىنى 5 مىليون گېكتار، تاشلىشىشنى تۈزەش كۆلىمىنى 1 مىليون گېكتار كۆپەيتىش كېرەك. |
| 04 | **شەرقىي شىمال ئورمان بەلبېغى** چوڭ - كىچىك خىڭگان تېغى، چاڭبەيشەن تېغى ۋە ئۈچ دەريا تۈزلەڭلىكى، سۇڭخۇاجياڭ - نېنجياڭ تۈزلەڭلىكىدىكى مۇھىم سۇلۇق يەر قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تەبىئىي ئورماننى قوغداش - ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق سازلىق، سۇلۇق يەر ۋە ئەتىۋارلىق پەسىل قۇشلىرى كۆچىدىغان جايلارنى قوغداپ، 700 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئورمان زاپاس بايلىقى يېتىشتۈرۈپ، چېكىنگەن ئوتلاقنى تۈزەش كۆلىمىنى 300 مىڭ گېكتار كۆپەيتىش لازىم. |
| 05 | **شىمالىي جۇڭگو قۇم تىزگىنلەش بەلبېغى** ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى، خېشى كارىدورى، تارىم دەرياسى ۋادىسى، بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېي رايونى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە چېكىنگەن ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، چېكىنگەن ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بېيجىڭ - تيەنجىن قۇم - بوران مەنبەسىنى تۈزەش قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 2 مىليون 200 مىڭ گېكتار ئورمان بەرپا قىلىپ، تاشلاشقان يەرنى تۈزەش كۆلىمىنى 7 مىليون 500 مىڭ گېكتار، چېكىنگەن ئوتلاقنى تۈزەش كۆلىمىنى 2 مىليون 700 مىڭ گېكتار كۆپەيتىش لازىم. |
| 06 | **جەنۇبىي جۇڭگو ئېدىرلىق - تاغلىق بەلبېغى** نەنلىڭ تاغلىق يېرى، ۋۇيىشەن تاغلىق رايونى، خۇنەن - گۇاڭشىدىكى تاشلاشقان كارستلىق رايون قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئورمان سۈپىتىنى دەل جايىدا ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە تاشلىشىشنى ئۈنۈملۈك تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دەريا، كۆل ئېكولوگىيەسىنى قوغداش - ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تۈرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماكانىنى قوغداپ، 90 مىڭ گېكتار ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىپ، تاشلىشىشنى تۈزەش كۆلىمىنى 300 مىڭ گېكتار كۆپەيتىش كېرەك. |
| 07 | **دېڭىز قىرغىقى بەلبېغى** خۇاڭخەي دېڭىزى، بوخەي دېڭىزى، چاڭجياڭ دېلتىسى، گۇاڭدۇڭ - فۇجيەن - جېجياڭ دېڭىز بويى، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى، خەينەن ئارىلى، بېيبۇۋەن قولتۇقى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تەبىئىي قىرغاق لىنىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك قوغداپ، 400 كىلومېتىر قىرغاقنى، 20 مىڭ گېكتار دېڭىز ساھىلى سۇلۇق يېرىنى تۈزەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 110 مىڭ گېكتار ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىش لازىم. |
| 08 | **تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى ۋە ياۋايى ھايۋان، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش** ئۈچ دەريا مەنبەسى، شەرقىي شىمال يولۋىسى - يىلپىزى، مۇشۇكئېيىق ۋە خەينەن تروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنى قاتارلىق دۆلەت باغچىسى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، چىنلىڭ تېغى، خۇاڭخې ئېغىزى قاتارلىق دۆلەت باغچىلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش لازىم. يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان، ياۋا ئۆسۈملۈك گېن ئامبىرى، قۇتقۇزۇش - كۆپەيتىش مەيدانى قۇرۇپ، نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان 48 خىل ياۋايى ھايۋان ۋە ئىنتايىن ئاز قالغان 50 خىل ئۆسۈملۈكنى مەخسۇس قۇتقۇزۇش كېرەك. |

## 38 - باب مۇھىت سۈپىتىنى داۋاملىق ياخشىلاش

بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى چوڭقۇر ياخشى قىلىپ، مۇھىتنى تۈزەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، بۇلغىنىشنى دەل جايىدا، ئىلمىي، قانۇن بويىچە، سىستېمىلىق تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇلغىما ئازايتىش - كاربون تۆۋەنلىتىشنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاتموسفېرا، سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، تۇپراق بۇلغىنىش خەۋپ - خەتىرىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش كېرەك.

**1 - پاراگراف بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش**

مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل بۇلغىمىنى ھەمكارلىشىپ تىزگىنلەش ۋە رايونلار ھەمكارلىشىپ تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك. شەھەر ئاتموسفېرا سۈپىتىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇششاق دانىچە ($PM_{2.5}$) ۋە ئوزون($O_3$)نى ھەمكارلىشىپ تىزگىنلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەردە ئۇششاق دانىچە($PM_{2.5}$) قويۇقلۇقىنى %10 تۆۋەنلىتىپ، ئوزون($O_3$) قويۇقلۇقىنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئېغىر بۇلغانغان ھاۋارايىنى ئاساسەن تۈگىتىش كېرەك. بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار، فېنخې - ۋېيخې تۈزلەڭلىكى، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ ئاتموسفېرا سۈپىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، شىمالدىكى رايونلاردا پاكىز ئىسسىنىش، سانائەت پېچلىرىنى تۈزەش، ئېلېكتردىن باشقا كەسىپلەرنى پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بۇلغىمىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىشنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇچۇشچان ئورگانىك ماددا قويۇپ بېرىشنى ئۈنۈملۈك تۈزەشنى تېزلىتىپ، ئازوت ئوكسىد ۋە ئۇچۇشچان ئورگانىك ماددا قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا %10تىن كۆپرەك تۆۋەنلىتىش كېرەك. سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش بويىچە ۋادىلارنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ۋادى، نۇقتىلىق كۆل، شەھەر سۈيى ۋە قىرغاققا يېقىن دېڭىز تەۋەسىنى ئۈنۈملۈك تۈزەشنى كۈچەيتىپ، گۈزەل دەريا - كۆللەرنى قوغداش ۋە قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خىمىيەلىك ئايرىۋېلىنىش مىقدارى ۋە ئاممىياكلىق ئازوت قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا %8 تۆۋەنلىتىپ، دۆلەت تىزگىنلەيدىغان V تۈردىكى ناچار كەسمە يۈز سۈيى ۋە شەھەرلەردىكى قارا - سېسىق سۇنى ئاساسەن تۈگىتىش كېرەك. شەھەر ئىچىملىك سۇ مەنبە رايونلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، نۇقتىلىق ۋادىلاردىكى مۇھىتنى ئېغىر بۇلغايدىغان كارخانىلارنى كۆچۈرۈش - ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇلغانغان تېرىلغۇ يەر ۋە قۇرۇلۇش يېرىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۇ، تۇپراق مۇھىتى خەۋپ - خەتىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كېرەك. سولياۋدىن بۇلغىنىشنىڭ پۈتۈن زەنجىرلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش لازىم. مۇھىتنىڭ شاۋقۇندىن بۇلغىنىشنى تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك. يېڭى بۇلغىمىلارنى تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**2 - پاراگراف مۇھىت ئۇل ئەسلىھە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش**

پاسكىنا سۇ، ئەخلەت، قاتتىق تاشلاندۇق، خەتەرلىك تاشلاندۇق، تېببىي تاشلاندۇقلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى ۋە ئۆلچەش - نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىقتىدارى بىر گەۋدە قىلىنغان مۇھىت ئۇل ئەسلىھە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، شەھەردىن ئىشتاتلىق بازار ۋە يېزا - كەنتلەرگە سوزۇلغان ۋە قاپلىغان مۇھىت ئۇل ئەسلىھە تورىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. شەھەر - بازارلارنى پاسكىنا سۇ تۇرۇبا تورى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پاسكىنا سۇ بىر تەرەپ قىلىش ئۆلچىمىنى پەرقلىق، دەل جايىدا ئۆستۈرۈپ، بۇلغانغان پاتقاقنى مەركەزلىك كۆيدۈرۈپ زىيانسىزلاندۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، شەھەرلەردە بۇلغانغان پاتقاقنى زىيانسىزلاندۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىش نىسبىتىنى %90تىن ئاشۇرۇش، ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ قىس شەھەرلەردە پاسكىنا سۇنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش نىسبىتىنى %25تىن ئاشۇرۇش كېرەك. تۇرمۇش ئەخلىتىنى تۈرگە ئايرىپ تاشلاش، تۈرگە ئايرىپ يىغىش، تۈرگە ئايرىپ توشۇش، تۈرگە ئايرىپ بىرتەرەپ قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. خەتەرلىك تاشلاندۇقتىن مەركەزلىك پايدىلىنىش - بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى ئاساسلىق كەسىپ بازىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا جايلاشتۇرۇش كېرەك. ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەردە تېببىي تاشلاندۇقلارنى مەركەزلىك بىرتەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى تېزدىن قۇرۇپ، ناھىيەلەردىكى تېببىي تاشلاندۇق يىغىش - توشۇش - بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**3 - پاراگراف مۇھىت خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى چىڭىتىش**

نۇقتىلىق خەۋپ - خەتەر مەنبەسىنى باھالاش، سىگنال بېرىش ۋە جىددىي بىرتەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. قاتتىق تاشلاندۇقلارنى قانۇنسىز دۆۋىلەپ ساقلاشنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەپ، خەتەرلىك تاشلاندۇقلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق ساھەلەردە ئېغىر مېتاللىدىن بۇلغىنىشنى نازارەت قىلىش - سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىش كېرەك. زەھەرلىك، زىيانلىق خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ مۇھىت خەۋپ - خەتىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق رايونلاردىكى خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى كۆچۈرۈش - ئۆزگەرتىشنى تاماملاش كېرەك. يادرو ۋە رادىياتسىيە بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، رادىيوئاكتىپلىق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تاسادىپىي ۋەقەسىدىن كېيىنكى باھالاش مېخانىزمى ۋە ئاممىنىڭ ساغلاملىقىغا يەتكۈزىدىغان تەسىرىنى باھالاش تۈزۈمى ئورنىتىش لازىم. خەۋپ - خەتىرى يۇقىرى ساھەلەردە مۇھىت بۇلغىنىشى مەجبۇرىي جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش كېرەك.

**4 - پاراگراف كىلىمات ئۆزگىرىشىگە پائال تاقابىل تۇرۇش**

دۆلەتنىڭ 2030 - يىلغىچە بولغان كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش خاس تۆھپە نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كاربون چىقىرىشنى 2030 - يىلدىن بۇرۇن چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش ھەرىكەت لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئېنېرگىيە ئىستېمالىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە سىجىللىقىنى قوش تىزگىنلەش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاشقاتما ئېنېرگىيە ئىستېمالىنى نۇقتىلىق تىزگىنلەش لازىم. كاربون سىجىللىقىنى تىزگىنلەشنى ئاساس، كاربون چىقىرىش ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەشنى قوشۇمچە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شارائىتى يار بېرىدىغان جايلار، نۇقتىلىق ساھەلەر، نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن كاربون چىقىرىش چوققا قىممىتىگە يېتىشىنى قوللاش كېرەك. ئېنېرگىيەدىن پاكىز، تۆۋەن كاربونلۇق، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سانائەت، بىناكارلىق، قاتناش قاتارلىق ساھەلەرنى تۆۋەن كاربونلاشتۇرۇشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مېتان، ھىدرو فتور كاربىد، پېرفتورىد قاتارلىق باشقا پارنىك گازلىرىنى تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كاربون يىغىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. 2060 - يىلدىن بۇرۇن كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. يەر شارى كىلىماتى ئىللىپ كېتىشنىڭ ئېلىمىزنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز رايونلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆزىتىش ۋە باھالاشنى كۈچەيتىپ، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى ئۈنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئادىل، ئورتاق ئەمما پەرقلىق مەسئۇلىيەت ۋە ئۆز ئىقتىدارىغا قاراش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، ب د ت كىلىمات ئۆزگىرىشى رامكا ئەھدىنامىسى ۋە ئۇنىڭ پارىژ كېلىشىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**5 - پاراگراف زامانىۋى مۇھىتنى تۈزەش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

يەر ئۈستى، يەر ئاستى، قۇرۇقلۇق، دېڭىزنى بىرتۇتاش پىلانلايدىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش تۈزۈمى ئورنىتىش كېرەك. بۇلغىما چىقىرىش ئىجازەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، بارلىق مۇقىم بۇلغىما مەنبەسىگە بۇلغىما چىقىرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سانائەت بۇلغىما مەنبەسىدە سۈرۈك ئىچىدە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇلغىما چىقىرىش ھوقۇقى، ئېنېرگىيە ئىشلىتىش ھوقۇقى، سۇ ئىشلىتىش ھوقۇقى، كاربون چىقىرىش ھوقۇقى بازار سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مۇھىت ئاسراش، ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش چەكلىمە كۆرسەتكۈچلىرىنى باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دەريا - كۆللەرنى باشقۇرۇش - قوغداش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەريا باشلىقى تۈزۈمى، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى كۈچەيتىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندا تەبىئىي بايلىق مۈلكى بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۆلكە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆلچەش، مەمۇرىي تەپتىش قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشنى تىك لىنىيەلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش بويىچە ئۈنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت پاراۋانلىق دەۋاسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مۇھىت ئاسراش ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ مۇھىت تۈزەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى نازارەتچىلىك ۋە پاش قىلىش - قايتما ئىنكاس قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ئاممىنى مۇھىتنى تۈزەشكە ئورتاق قاتنىشىشقا يېتەكلەش كېرەك.

## 39 - باب تەرەققىيات ئۇسۇلىنى يېشىللاشتۇرۇشنى تېزلىتىش

ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بايلىق ئومۇمىي مىقدارىنى باشقۇرۇش، ئىلمىي تەقسىملەش، ئومۇميۈزلۈك تېجەش، ئايلانما پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەلىك قوغداشنى ماس ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**1 - پاراگراف بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش**

ئېنېرگىيە تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سانائەت، بىناكارلىق، قاتناش قاتارلىق ساھەلەر ۋە ئاممىۋى ئاپپاراتلاردا ئېنېرگىيە تېجەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 5G، چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق گۈللىنىۋاتقان ساھەلەردە ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئېنېرگىيە ئىشلىتىدىغان نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ ئېنېرگىيە تېجەشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېنېرگىيە سىستېمىسىنى ياخشىلاش، ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، ئېنېرگىيە سەرپىيات نورمىسى، مەھسۇلات - ئۈسكۈنە ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك دۆلەت ئۆلچىمىنى تۈزۈش - تۈزىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. دۆلەت سۇ تېجەش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، سۇ بايلىقىغا قاتتىق چەك قويۇش تۈزۈمى ئورنىتىپ، يېزا ئىگىلىكتە سۇ تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، سانائەتتە سۇ تېجەپ بۇلغىما ئازايتىش ۋە شەھەر - بازارلاردا سۇ تېجەپ زىياننى ئازايتىشنى كۈچەيتىپ، ھاسىلىي سۇدىن پايدىلىنىشقا ئىلھام بېرىپ، بىرلىك GDP نىڭ سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنى %16 ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىش لازىم. يەردىن تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، تەستىقلانغان بولسىمۇ تەمىنلەنمىگەن يەر ۋە بىكار تۇرغان يەرنى بىرتەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى تۆۋەن ئۈنۈملۈك يەرلەرنى جانلاندۇرۇپ، زاۋۇت - كانلارنىڭ تاشلاندۇق يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ پايدىلىنىشقا مەدەت بېرىپ، يەردىن بىركىمە پايدىلىنىش ۋە ئىستېرېئولۇق ئېچىشنى قوللاش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن قۇرۇلۇش يېرى كۆلىمىنى 29 مىليون 500 مىڭ مو ئىچىدە تىزگىنلەپ، بىرلىك GDP دىكى قۇرۇلۇش يېرى ئىشلىتىش كۆلىمىنىڭ مۇقىم تۆۋەنلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش - قوغداش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېشىل كانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېشىل كان بەرپا قىلىش كېرەك.

**2 - پاراگراف بايلىقتىن ئايلانما پايدىلىنىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش**

ئايلانما ئىقتىساد ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، بايلىقتىن كۆپ قاتلاملىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلانما پايدىلىنىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. باغچا رايوننى ئايلانما پايدىلىنىش تىپىغا ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرىنى تولۇقلاپ ۋە ئۇزارتىپ، ئېنېرگىيە بايلىقىدىن پەلەمپەيسىمان پايدىلىنىش، تاشلاندۇقتىن تەكرار پايدىلىنىش ۋە بۇلغىمىنى مەركەزلىك بىرتەرەپ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كۆپ مىقدارلىق قاتتىق تاشلاندۇقتىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قايتا ياساش كەسپىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىق ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئايلانما يېزا ئىگىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. كونا - كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىۋېلىش ئەسلىھەلىرىنى پىلانلاپ قۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەھەرلەرنىڭ كونا - كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىۋېلىش - ئايرىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدا «تەتۈر يۆنىلىشلىك يىغىۋېلىش» قاتارلىق ئەندىزىلەرنى يولغا قويۇپ، تور ئىچى - سىرتى بىرلەشتۈرۈلگەن، يۆنىلىشى تىزگىنلىنىشچان بايلىق يىغىۋېلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش تۈزۈمىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. تېز يوللانما ئورالمىسىنى ئازايتىش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن تەكرار پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

**3 - پاراگراف يېشىل ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش**

ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى، بۇلغىمىنى كۆپ چىقىرىدىغان تۈرلەرنى قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قەتئىي توسۇپ، يېشىللىشىپ پائال تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئېنېرگىيە تېجەش - مۇھىت ئاسراش، پاكىز ئىشلەپچىقىرىش، پاكىز ئېنېرگىيە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، ئۇل ئەسلىھەلەرنى يېشىللاشتۇرۇش - دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، يېشىل مۇلازىمەت قاتارلىق كەسپلەرنى زورايتىپ، ئېنېرگىيەنى توختام بويىچە باشقۇرۇش، سۇ تېجەشنى توختام بويىچە باشقۇرۇش، بۇلغانغان مۇھىتنى 3 - تەرەپ تۈزەش قاتارلىق مۇلازىمەت ئەندىزىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. كۆمۈر قاتارلىق تاشقاتما ئېنېرگىيەلەردىن پاكىز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پولات - تۆمۈر، نېفىت خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق كەسپلەرنى يېشىللاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ مىقدارلىق يۈك ۋە ئوتتۇرا، ئۇزۇن يوللۇق يۈك ترانسپورتىنى «تاشيولدا توشۇشتىن تۆمۈريولدا توشۇشقا ئۆزگەرتىش»، «تاشيولدا توشۇشتىن سۇ يولدا توشۇشقا ئۆزگەرتىش»نى تېزلىتىش لازىم. شەھەر ئاممىۋى قاتنىشى ۋە ئەشيا يەتكۈزۈش ئاپتوموبىللىرىنى توكلۇق ئاپتوموبىلغا ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بازار يېتەكچىلىكىدىكى يېشىل تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، يېشىل تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق كەسىپ ۋە نۇقتىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ بايلىق ئۈنۈمىنى ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. يېشىل مەھسۇلاتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم، ئېتىراپ، بەلگە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يورۇتۇش مەھسۇلاتلىرى، سۇ تېجەش ئەسۋابلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يېشىل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**4 - پاراگراف يېشىل تەرەققىيات سىياسەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش**

يېشىل تەرەققىياتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت كاپالىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش ۋە بايلىقتىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىشقا پايدىلىق مالىيە - باج سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەك. يېشىل پۇل مۇئامىلىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تەبىئىي بايلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەبىئىي بايلىق، پاسكىنا سۇ - ئەخلەت بىرتەرەپ قىلىش، سۇ ئىشلىتىش، ئېنېرگىيە ئىشلىتىش قاتارلىق ساھەلەرنىڭ باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى يېڭىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنما تۈرلىرىنى ئېنېرگىيە تېجەش بويىچە تەكشۈرۈش، ئېنېرگىيە تېجەشنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش، ئېنېرگىيە ئىشلىتىدىغان نۇقتىلىق ئورۇنلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئېنېرگىيە ئۈنۈمى، سۇ ئۈنۈمى باشلامچىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سۇ سەرپىياتى يۇقىرى كەسپلەردە سۇ ئىشلىتىشنى نورمىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. سەنشىنىڭ دۆلەت بايلىق تىپىدىكى ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىش ئۈنىۋېرسال ياندىش ئىسلاھاتى سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئېنېرگىيە ئىنقىلابى ئۈنىۋېرسال ئىسلاھاتى سىنىقىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**15 - جەدۋەل مۇھىت ئاسراش ۋە بايلىق تېجەش قۇرۇلۇشلىرى**

| | |
|---|---|
| 01 | **ئاتموسفېراغا بۇلغىما چىقىرىشنى ئازايتىش** 850 مىليون تونىنا سېمونت پىششىق ماتېرىيالى، 460 مىليون تونىنا كوكس ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە رەڭلىك مېتال كەسپىدىكى 4000دەك پېچنى پاكىز ئىشلەپچىقىرىش تىپىغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، 530 مىليون تونىنا پولات - تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بۇلغىمىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، نېفىت خىمىيە سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، سۇۋالغۇ، تېببىي دورا، ئورۇ باسما قاتارلىق نۇقتىلىق كەسپلەرنى ئۇچۇشچان ئورگانىك ماددىلارنى تۈزەش بويىچە ئۆزگەرتىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەشتىكى نۇقتىلىق رايونلاردا تارقاق كۆمۈر ئىشلىتىشنى تۈگىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. |
| 02 | **سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە سۇ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش** ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ قارا - سېسىق سۇنى تۈزەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، 363 ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنىڭ پۈتكەن رايوندا 1500 بۆلەك قارا - سېسىق سۇنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. تەيخۇ كۆلى، چاۋخۇ كۆلى، دىيەنچى كۆلى، دەنجياڭكوۋ سۇ ئامبىرى، ئېرخەي، بەيياڭديەن، پوياڭخۇ كۆلى، دۇڭتىڭخۇ كۆلى، چاغان كۆلى، ئۇرۇنساقاي كۆلى قاتارلىق نۇقتىلىق كۆل - ئامبارلاردا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ۋە ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يۇڭدىڭخې دەرياسى، مۇلەنشى دەرياسى قاتارلىقلارنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشنى يولغا قويۇپ، شىمالىي جۇڭگو رايونى ۋە باشقا نۇقتىلىق رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىنى زىيادە قېزىشنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش ۋە خۇاڭخې دەرياسى ئېغىزىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشنى تېزلىتىش كېرەك. |
| 03 | **تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن بىخەتەر پايدىلىنىش** تۇپراق بۇلغىنىش كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان 100 ناھىيەدە يېزا ئىگىلىك يېرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. خىمىيە سانائىتى، رەڭلىك مېتال ساھەسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشنى مەنبەدىن باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تۈردىن 100نى يولغا قويۇش كېرەك. |
| 04 | **شەھەر - بازارلارنىڭ پاسكىنا سۇ - ئەخلەت بىرتەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرى** 80 مىڭ كىلومېتىر پاسكىنا سۇ يىغىش تۇرۇبا تورىنى يېڭىدىن ياساپ ۋە ئۆزگەرتىپ، كۈنىگە 20 مىليون كۇب مېتىر پاسكىنا سۇ بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى كۆپەيتىش كېرەك. ئەخلەت كۆيدۈرۈش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شەھەر تۇرمۇش ئەخلىتىنى كۈنلۈك تازىلاش - توشۇش مىقدارى 300 توننىدىن ئاشىدىغان رايونلاردا ئەخلەت كۆمۈشنى قەتئىي تۈگىتىپ، كىچىك تىپتىكى تۇرمۇش ئەخلىتى كۆيدۈرۈش ئەسلىھەسى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش كېرەك. |
| 05 | **تېببىي تاشلاندۇق، خەتەرلىك تاشلاندۇقلارنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە قاتتىق تاشلاندۇقتىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىش** تېببىي تاشلاندۇق بىرتەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، دۆلەت خەتەرلىك تاشلاندۇق خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تېخنىكا مەركىزى ۋە 6 رايون خاراكتېرلىك خەتەرلىك تاشلاندۇق خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تېخنىكا مەركىزى، 20 رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە خەتەرلىك تاشلاندۇقلارنى مەركەزلىك بىرتەرەپ قىلىش مەركىزى قۇرۇش كېرەك. قالدۇق رودا ۋە يانداش - ماكانداش قېزىلما، كۆمۈر تېشى، كۆمۈر كۈلى، بىناكارلىق ئەخلىتى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 100 كۆپ مىقدارلىق قاتتىق تاشلاندۇقلاردىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىش ئۈلگە تۈرىنى يولغا قويۇش لازىم. |
| 06 | **بايلىقتىن تېجەشلىك پايدىلىنىش** مۇھىم ئېنېرگىيە تېجەيدىغان تۆۋەن كاربونلۇق تېخنىكىلارنى كەسپلەشتۈرۈش ئۈلگە قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يوق دېيەرلىك ئىمارەت، كاربونسىزلاندۇرۇپ قويۇپ بېرىش، كاربوننى يىغىپ پايدىلىنىش ۋە پېچەتلەپ ساقلاش(CCUS) قاتارلىق چوڭ - چوڭ تۈرلەردە ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇش لازىم. 60 چوڭ - ئوتتۇرا شەھەردە كونا - كېرەكسىز ئەشيالاردىن تەكرار پايدىلىنىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. |

(ئاخىرى 19 - بەتتە)